□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

### ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى

# يوقال پومپېئو، مەكتىپىڭگە بېرىپ قايتا ئوقۇ!

يېقىندا، نومۇس قىلماستىن «بىز يالغان سۆزلەيمىز، بىز ئالدامچىلىق قىلىمىز، بىز ئوغرىلىق قىلىمىز... مانا بۇ دەل، ئامېرىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ شەرىپى» دەپ داۋراڭ سالغان پومپېئو ۋەزىپىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى يەنىلا قىلچە پۇشايمان قىلماي كونا يالغانىنى تەكەپ، ۋاقتى ئۆتكەن يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى ۋە ساختا ئۇچۇرلار ئارقىلىق بىر مەيدان كۈلكىلىك «ئەڭ ئاخىرقى ئويۇن»نى ئوينىدى. ئۇ شىنجاڭغا «مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى» قاتارلىق بوھتانلارنى چاپلىدى، بۇ، پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىز گەپ. بۇنىڭغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى كۈچلۈك غەزەپلىنىدۇ ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ!

پومپېئو قانداق يالغان سۆزلىشىدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭنىڭ مۇقىم ئىكەنلىكى، تەرەققىي قىلغانلىقىدەك پاكىتنى مەڭگۈ ياپالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەننىڭ ئىللىق قوينىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى مەڭگۈ يوققا چىقىرالمايدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇھىتى ناھايىتى ئەۋزەل. شىنجاڭ مائارىپ ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل يولغا قويۇپ، مەكتەپلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مائارىپ مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ۋە مائارىپ ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ھازىر، ئوقۇش يېشىدىكى ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوقۇيالايدىغان بولۇش، تەربىيەلىنەلەيدىغان بولۇش، ماھارەت ئۆگىنەلەيدىغان بولۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2019 ـ يىلى، شىنجاڭدا ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار ئۈچ يىللىق مائارىپىدا يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 97.51%، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش ساپ نىسبىتى 99.97%، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچى ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش ساپ نىسبىتى 99.78%، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا مەكتەپكە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 98.82% بولۇپ، ھەممىسى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش ھوقۇقى ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىنجاڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش ھوقۇقى ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، بىردەك ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى تەسىس قىلىندى، مەكتەپلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسىپ تاللىشى ناھايىتى ئەركىن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنى يېتەرلىك ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. 2019 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى شۇ قارارادا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 90.36%كە يېتىپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتقان شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 95.08%كە يېتىپ، ھەممىسىدە تارىختىكى يېڭى رېكورت يارىتىلدى. شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى بولسىمۇ، دوختۇر بولسىمۇ، پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، شۇنداقلا ئىگىلىك تىكلەپ لوبەن بولسىمۇ بولىدۇ... مودا قوغلىشىدىغانلىرى يەنە رىياسەتچى بولسىمۇ، ۋاڭخۇڭ بولسىمۇ بولىدۇ. ئومۇمەن، ئۇلار نېمە خىزمەت قىلغۇسى بولسا شۇ خىزمەتنى قىلىدۇ، قەيەردە ئىشقا ئورۇنلاشقۇسى بولسا شۇ يەردە ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ! شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ تۇرمۇشى ناھايىتى ئىناق. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئۆزئارا كەڭ قورساق بولۇپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىپ، شاد ـ خۇراملىققا تولغان مۇھىتتا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتمەكتە. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك مۇسۇلمانچە ئاشخانىلار ئېچىلدى، ھەر قېتىمقى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمىدا يەنە تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە بايرامنى ئورتاق تەبرىكلەپ، خۇشاللىقتىن ئورتاق بەھرىلىنىدۇ.

پومپېئو، ئاڭلىساق سەن شىدىيەن (ۋېست پوئىنت) ھەربىي مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن ئىكەنسەن، لېكىن سېنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭ شىدىيەن ھەربىي مەكتىپىنىڭ «يالغان سۆزلىمەسلىك، ئالدامچىلىق قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق» شەرەپ مىزانىغا تۈپتىن ماس كەلمەيدۇ، سەن شىدىيەن ھەربىي مەكتىپىنىڭ مۇناپىقى ۋە شەرمەندىسى! سەن يوقالدىڭ، يوقىلىشتىن ئىلگىرى بىزگە نېمىنىڭ «يالغان ـ ياۋىداق دىپلوماتىيەنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش»تەك «ئاخىرقى كۈنۈڭدىكى غالجىرلىق»نى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردۈڭ، ئۆزۈڭنىڭ «تارىختىكى ئەڭ ناچار، ئەڭ رەزگى، ئەڭ نومۇسسىز دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى» ئىكەنلىكىڭدەك رەزىل ئەپت ـ بەشىرەڭنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدىڭ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ساڭا شۇنداق كۈچلۈك تەكلىپ بېرىدۇكى: يوقال! مەكتىپىڭگە بېرىپ يەنە بىر نەچچە يىل ئوقۇپ، لاياقەتلىك ئوقۇغۇچى بولۇشقا تىرىش!

# پومپېئونىڭ شىنجاڭغا قارا چاپلاش سۇيىقەستى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كادىرى مۇتەللىپ ئابدۇقادىر

يېقىندا، پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا يەنە بىر قېتىم زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭ قانات يايدۇرغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۆرەشنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. بۇنى مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

پومپېئو ئۇزاقتىن بۇيان ئوچۇقتىن ئوچۇق تېررورچى كۈچلەرنىڭ ئارقا تىرىكى ۋە كۈشكۈرتكۈچىسى بولۇپ، نۇرغۇن يالغان ـ ياۋىداق سۆز تارقىتىپ، نۇرغۇن قېتىم زەھەرنى چاچتى. يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن سېسىق نامى پۇر كەتكەن بۇ ئامېرىكا سىياسەتۋازى ئۆزىنىڭ «ئاخىرقى كۈنىدىكى غالجىرلىقى» ۋە «ئەسىر يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى» بىلەن 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق ـ ھەققانىيلىقى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھەرقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ.

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان قېرىنداش ئائىلە ئەزاسى. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە، شىنجاڭنىڭ تەقدىرى باشتىن ـ ئاخىر ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغاچقا، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىگە كىردى.

شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى تىنچ ـ خاتىرجەملىكى تەستە قولغا كەلگەن. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىپ، ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى ئېغىر دەپسەندە قىلىندى. بىز سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردۇق، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەربىيەسى بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدۇق. شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈز بەرمىدى، ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىمەكتە، ئۇلارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

كىشىلىك ھوقۇق ئالدى بىلەن ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.2% ئاشتى، ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.1% ئاشتى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى، 32 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش يولغا قويۇلۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى 99.7%كە يەتتى.

ئۆتكەن 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ رايونىدا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۈزلىمە ئۆمرى 30 ياشتىن 72 ياشقا ئۇزاردى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى سىجىل ئاشتى، 2010 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 25.04% ئېشىپ، پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 13.99%لىك ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولدى، خەنزۇ مىللىتى نوپۇسىنىڭ 2%لىك ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى ناھايىتى ياخشى قوغدالدى ۋە ۋارىسلىق قىلىندى، ھەر مىللەت خەلق ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش» پۈتۈنلەي ئاساسسىز گەپ.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ئاخىرقى ھېسابتا ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرالمايدۇ، خۇددى قارا بۇلۇتلار ئاخىرقى ھېسابتا قۇياشنى توسۇيالمىغىنىغا ئوخشاش. پومپېئو ئېقىمدىكىلەر پاكىت بىلەن ھېسابلاشمىدى، ئومۇمىي ساۋاتنى كۆزگە ئىلمىدى، ئورتاق تونۇشقا پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىگە ئامېرىكا خەلقىمۇ چىداپ تۇرالمىدى، ئاخىر رەسۋا بولۇپ تەختتىن چۈشتى. ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق دۆلەتتە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، پومپېئو مۇقەررەر ھالدا تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ، ئۇنىڭ سېسىق نامى مەڭگۈ قالىدۇ!

ھەرقانداق پىتنە ـ ئىغۋا، تۆھمەت، بۇرمىلاش، قارا چاپلاش ۋە قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئالغا ئىلگىرىلەش پاكىتىنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ! شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلمىش مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ! شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن تەھلىل قىلىشنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى كەسكىن، ئەستايىدىل قانات يايدۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دۇڭ شىنگۇاڭ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىدىكى ئالاقىدار يولداشلار يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى.

بىر قېتىملىق يۇقىرى سۈپەتلىك دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يىغىندىن ئىلگىرى، دائىمىي كومىتېت پارتىيە گۇرۇپپىسى ئەستايىدىل لايىھە تۈزۈپ، مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىپ، مۇھاكىمە قىلدى. ھەرقايسى پارتىيە گۇرۇپپا ئەزالىرى دىققەتنى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ باش تېمىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ـ تەكلىپ ئېلىپ، سىردىشىش، سۆزلىشىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى ئەستايىدىل يېزىپ، مەسىلە مەنبەسىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرى ۋە تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن تولۇق ئىدىيە ۋە خىزمەت تەييارلىقى قىلدى.

يىغىندا، شەۋكەت ئىمىن دائىمىي كومىتېت پارتىيە گۇرۇپپىسى بەنزىسىگە ۋاكالىتەن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، پارتىيە گۇرۇپپىسى بەنزە ئەزالىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. كۆپچىلىك تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى كەسكىن، ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ھەم پەرقلەرنى، يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بەردى ھەم ياخشىلاش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەش مەقسىتىگە يېتىپ، دائىمىي كومىتېت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى، جەڭگىۋارلىقى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى كۈچەيتتى.

شەۋكەت ئىمىن خۇلاسە سۆزى قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىش، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىش، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىش، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە سىجىل كۈچەپ، چۈشەنمىسى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى، ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

شەۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، باشتىن ـ ئاخىر بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، كۆپ ئويلىنىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك؛ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەسىلىگە توغرا قاراپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈزۈم مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، بۇ قېتىمقى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن تەھلىل قىلىش چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش كەسكىن، ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىدىكى ئالاقىدار يولداشلار يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى بۇ قېتىمقى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. يىغىندىن بۇرۇن، پارتىيە گۇرۇپپىسى بەنزىسى ئەزالىرى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشى ۋە شەخسلەر ئۈزلۈكىدىن ئۆگىنىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 ـ تومىنى تەتقىق قىلىپ ئوقۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى قاتارلىق مۇھىم يىغىنلاردا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، دىققەتنى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ باش تېمىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ـ تەكلىپ ئېلىپ، سىردىشىش، سۆزلىشىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى ئەستايىدىل يېزىپ، مەسىلە مەنبەسىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرى ۋە تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن تولۇق ئىدىيە ۋە خىزمەت تەييارلىقى قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى. نۇرلان ئەبىلمەجىن سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى بەنزىسىگە ۋاكالىتەن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى، پارتىيە گۇرۇپپىسى بەنزە ئەزالىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك باش تېمىدا بىۋاستە توختىلىپ، مەسىلىلەرگە بىۋاستە يۈزلىنىپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى سەمىمىي قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش مەقسىتىگە يېتىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداش ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىشەنچى، ئىرادىسىنى كۈچەيتتى.

نۇرلان ئەبىلمەجىن خۇلاسە سۆزى قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي بوشاشماي پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ تەقدىم قىلىش كېرەك. قاتتىق تەلەپچان بولۇپ، پاك ـ دۇرۇس بولغان سىياسىي خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك. تۈزىتىش خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش، ئاخىرغىچە چىڭ تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.